# كىمكى باشقا بىر قەۋمگە ئوخشىۋالىدىكەن، ئۇ كىشى شۇلاردىن بولىدۇ

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى باشقا بىر قەۋمگە ئوخشىۋالىدىكەن، ئۇ كىشى شۇلاردىن بولىدۇ».

ھەسەن(ھەدىسنى سەھىھ قىلىدىغان تۆت شەرتى تولۇق بولۇپ بەشىنچى شەرتىدە مەسىلە بولسا ھەسەن بولىدۇ)] [رواه أبو داود وأحمد]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ھەر قانداق بىر كىشى كاپىرلاردىن ياكى پاسىقلاردىن ياكى ياخشى كىشىلەردىن بولغان بىر قەۋمگە ئوخشىۋالىدىكەن (يەنى ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان، ئېتىقاد، ئىبادەت ياكى ئادەت قاتارلىق ئىشلاردا) ئۇ كىشى شۇلاردىن بولىدۇ، چۈنكى تاشقى قىياپەتتە ئۇلارغا ئوخشىشىش، مەنىۋي تەرەپتىمۇ ئۇلارغا ئوخشىشىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شەكسىزكى، بىر قەۋمگە ئوخشىشىش بولسا، ئۇلارغا قايىل بولغانلىق ۋە ھەۋەسلەنگەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، بۇ ئىش ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشكە، ھۆرمەتلەشكە ۋە ئۇلارغا تايىنىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنداقلا، ئىنساننى مەنىۋي ئىشلاردا ھەتتا ئىبادەتلەردىمۇ ئۇلارغا ئوخشىشىشقا ئېلىپ بارىدۇ، ئاللاھ بۇنىڭدىن ساقلىسۇن.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/5353

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee